# قىز-خانىملارنىڭ جامائەت بولۇپ ناماز ئادا قىلىشى توغرىسىدا

[ uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

2013 - 1434

IslamHouse.com

# صلاة الجماعة للنساء

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

2013 - 1434

IslamHouse.com

# قىز-خانىملارنىڭ جامائەت بولۇپ ناماز ئادا قىلىشى توغرىسىدا

258- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئاياللار توپلانغان سورۇندا ئەرلەر بولمىسا، ئاياللار نامازنى جامائەت بولۇپ ئادا قىلامدۇ ياكى ئايرىم-ئايرىم هالدا ئادا قىلامدۇ؟ بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

قىز-خانىملارنىڭ جامائەت بولۇپ ناماز قىلىشى جايىزدۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىمام بولغۇچى سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقىلار بىلەن باراۋەر تۇرىدۇ.

بەزى ئەسەرلەردە، ئائىشە ئانىمىزنىڭ ئاياللارغا ئىمام بولۇپ، ئۇلارنىڭ سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. [ئابدۇررازاق "ئەلمۇسەننىف" ناملىق ئەسەر 3-توم 141-بەتتە، دارىي قۇتنىي 1- توم 404- بەتتە، باشقىلارمۇ مۇشۇ مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى بايان قىلغان]. بۇ ئەسەر باشقا يوللار بىلەن كۈچلىنىپ سەھىھلىك دەرىجىسىگە يەتكەن.

ئۇممۇ ھەسەن، ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ئاياللارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ

بەرگەنلىكىنى ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىكىنى بايان قىلغان. [ئىبنى ئەبۇ شەيبە "ئەلمۇسەننىف" 2- توم 88- بەتتە بايان قىلغان].

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ "ئاياللارنىڭ جامائەتكە چىقىشى ياخشى كۆرۈلمەدۇ ياكى كۆرەلمەمدۇ" دېگەن تېمىدىكى تالاش-تارتىشلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، "ئاياللارنىڭ ئىمام بولىشى توغرىسىدا" دېگەن ماۋزۇدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن: "ئاياللار جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا، ئاياللاردىن بىرى ئىمام بولۇپ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە، يەنى سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئاياللارنىڭ قىز-خانىملار ئارىسىدا ئىمام بولىشى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. ئاياللارنىڭ نامازدىمۇ ھىجابلىنىشى ۋاجىپ بولغاچقا، سەپنىڭ ئالدىغا چىقماستىن بەلكى ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، ئەتراپىدىكىلەر ئىمامنى ئىككىلى تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ. [ئەلمۇغنىي 2-توم 202- بەت].

"ئەلمۇھەززەپ" ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: "سۈننەت بويىچە قىز-خانىملارغا ئىمام بولغان ئايال ئۇلارنىڭ سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، چۈنكى ئائىشە ئانىمىز ۋە ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھالارنىڭ سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئاياللارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان". [4-توم 295- بەت].

بۇ ھەقتە كۆپرەك مەلۇمات ھاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلغۇچىلار، ئىمام ئەدەۋىينىڭ "ئاياللار توغرىسىدا ھۆكۈملەر" نامىلق ئەسىرى 1- توم 351- بەتكە مۇراجىئەت قىلسۇن].

ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.